## 1. Dr. David Tran (داۋىد تران): ۋېيتنامدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتىغا قايتۇرۇۋېتىلىشى

[ئەسكەرتىش: بۇ مۇتەخەسسىسلەر دوكلاتىدا كىشىلەرنى بىئارام قىلىدىغان رەسىملەر بار]

مەن، دوختۇر دەئىۋىد تىران، تۆۋەندىكىلەرنى دەيمەن.

مەن 25 يىلدىن بېرى ئامېرىكىدا ئۆسمۈر ۋە قۇرامىغا يەتمىگەن بالىلارنىڭ روھىي كېسەللىرىنى داۋالاپ كېلىۋاتقان بىر دوختۇر. مەن ئامېرىكا تېببىي جەمىيىتى رەھبەرلىك مۇكاپاتى ۋە ئاما تەرەپىدىن ئەتراپ قىلىنغان بىر قانچە تۆرلۈك ئىچكى كىسەللەر دوختۇرلىرىنى تەقدىرلەش مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى. مەن بۇرۇن تېكساس ئۇنىۋېرسىتې غەربىي جەنۇب داۋالاش مەركىزىنىڭ ياردەمچى پروفېسسورى ئىدىم. ھازىر ئۇ يەردە بىر  كلىنىكىلىق داۋالاش گۇرۇپپىسىنىڭ دېرىكتورى.

مەن ۋېيېتنام دېموكراتىيە مەركىزىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسى، بۇ ئورگان بولسا بىر نەپ ئالمايدىغان تەتقىقات ۋە مائارىپ تەشكىلاتى بولۇپ، ئاساسلىقى ۋېيېتنامنىڭ ئەركىنلىكى ۋە دېموكراتىيەسى قانۇنى رامكىسى ئىچىدە پائالىيەت قىلىدۇ. VDC «دېموكراتىك ۋېيتنامنىڭ ئاساسىي قانۇنى» دىگەن بىر مودېل نى ئېلان قىلدى ۋە بۇ ئاساسىي قانۇن ئەندىزىسىنى مىليونلىغان ۋېيتناملىقلارغا تونۇشتۇردى.

**1.ئېلاۋە.** بۇ دوكلات ئوتتۇرىغا قويۇلغان پاكىتلار مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ بىلىمىمگە ئاساسلانغان بولۇپ، بۇ دائىردىن چەتنىگەندە ئەسكەرتىش بىرىمەن ۋە شۇ پاكىتلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تەمىنلەيمەن.

**2. پاكىتلار:**

1) ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بىسىپ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە قېچىشى، ئۇلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك، ئورگانلىرىنىڭ يىغىۋېلىنىشى ۋە لاگىرلارغا قامىلىشتىن قۇتۇلۇشىدىكى كۆنسېرى ئومۇملاشقان بىر  چقىش يولىغا ئايلاندى.

2) ئامرىكا جورج ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرستېتىنىڭ خەلقارا تەرەققىيات تەتقىقات پروگراممىسى پروفېسسورى ۋە دوتسېنت نىڭ مۆلچەرلىنىشىچە، 2011-يىلدىن 2015-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، 15 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئارقىلىق شىنجاڭدىن تۈركىيەگە قېچىپ چىققان.

3) جۇڭگونىڭ دوكلاتىدىمۇ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت سىرتىغا قېچىشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق  يول ئىكەنلىكى كۆرسىتىلدى. ۋېيتنام بۇلار ئىچىدىكى ئەڭ كوپ تاللانغان يوللارنىڭ بىرى بولۇپ، سەۋەبى جۇڭگو پۇقرالىرى چېگرادىن ئۆتۈش ئۈچۈن پاسپورتقا ئېھتىياجلىق يوق، پەقەت بىر ساياھەت كىنىشكىسى بولسىلا كۇپايە قىلىدۇ. بۇنى بېجىرىش ئاسان. جۇڭگو چىگرادىن كىرىپ-چىقىش ئىدارىسىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 2014-يىلى 5-ئايدىن 2015-يىلى 1-ئايغىچە پەقەت 8 ئاي ئىچىدىلا، جۇڭگو چېگرا ئورگانلىرىنىڭ ئاتالمىش جىھادى كۆچمەنلىرىگە زەربە بەرىش  ھەركىتىدە بۇ چىگرادا «262 ئادەم ئەتكەسچىلىك دېلوسىنى بىتچىت قىلغان، 352 ئادەمنى شۇ كۆچمەنلىك پائالىيەتلەرنى تەشكىللىگەن دەپ قولغا ئالغان ۋە 852 ئادەم قانۇنسىز چېگرادىن ئۆتكەن جىنايەت گۇماندارى بولغان».

4) بۇ كۆچۈشنىڭ ئاستىلىغانلىقىغا ئايىت ھېچقانداق پاكىت يوق. 2015-يىلى «نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى» جۇڭگو ساقچىلىرى ۋېيتنامغا قېچىشقا ئۇرۇنغان ئىككى ئۇيغۇرنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىگى ۋە «ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا قانۇنسىز چىقماقچى بولغان يۈزلىگەن ئادەملەرنى قولغا ئالغانلىقى» نى خەۋەر قىلغان.

5) 2020-يىلىنىڭ ئاخىرقى ئۈچ كۈنىدە، ۋېيتنامنىڭ مەملىكەت خەۋەرلىرىدە 343 قانۇنسىز كۆچمەنلەرنى بايقىغانلىقى، بۇنىڭ كۆپىنچىسى جۇڭگودىن كەلگەن دەپ خەۋەر قىلىنىغان.

6) جۇڭگودىن جاننى ئالقانغا ئېلىپ قېچىپ كېتىشنى ئىستىگەن ئۇيغۇرلار ئادەم ئەتكەسچىلىرىگە كىشى بېشىغا 100 مىڭ يۈئەندىن ئارتۇق (يەنى 15,000 دوللار) تۆلەپ چېگرىدىن ئۆتنۋالغان بولسىمۇ، قارشى تەرەپتە ئۇلارنى خالىمايدىغان بىر دۈشمەنلىككە يولۇققان.

7) 2014-يىلى ، بىر گۇرۇپپا 16 ئۇيغۇر ۋېيتناملىق چېگرا قوغدىغۇچى ساقچىلارنىڭ تۇتۇپ تۇرۇشىدىن قۇتۇلۇپ، ۋېيتنام تەرەپتىكى بىر بىنادا يوشۇرنىۋالغان. ئەمما، خىتاي ساقچىلىرى ۋە ۋېيتنام چېگرا قوغدىغۇچىلىرى بىنانى بىللە قورشاۋغا ئېلىپ، ھەممە ئۇيغۇرنى ئۆلتۈرگەن.

8) يەنە بىر دوكلاتتا دېيىلىشچە، ئۆزىنى ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ بەزىلىرى ياكى ھەممىسى كۆپ قەۋەتلىك بىنادىن سەكرەپ ئۆلىۋالغان. ۋېيتنامنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىدىكى تۆۋەندىكى سۈرەتلەردە بىر نەچچە هارۋىغا تىزىپ قويۇلغان ئادەمنىڭ جەسەتلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.




9) باشقا بىر رەسىمدە ياشانغان ئۇيغۇر ئاياللار ۋە كىچىك بالىلارنىڭ «ئاشقۇنلار ۋە تېرورچىلار» دەپ جۇڭگوغا قايتۇرۇلغانلىقى كۆرسىتىلدى:



10) دەل شۇ كۈنى، ۋېيتنام دائىرىلىرى جۇڭگولۇق كەسپداشلىرى تەرىپىدىن ئاگاھلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋېيتنامغا دېڭىز ئارقىلىق كىرمەكچى بولغان يەنە 21 ئۇيغۇرنى قولغا ئالغان.

11)  ۋېيتنام مەتبۇئاتلىرى، باك پھوڭ سىنە تىكى ئېتىشىشنى قانچە تېز خەۋەر قىلغان بولسا، بىردەمدىن كېيىن  شۇنچە تېز ئۆچۈرۋېتكەن. ئۇلارنىڭ دوكلاتىدا بۇنىڭدا شىنجاڭ تىلغا ئېلىنغان. خەۋەر قىلىنغان سۈرەتتە، بىر گورۇپپا تۆت ئايالنىڭ ھەممىسى رومال ئارتقان ۋە ئۇيغۇرغا خاس كىيگەن. ئەمما بۇ رەسمىي ئاخبارات تور بەتلىرىدىن ئۆچۈرۈلگەن.

12)  ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنىڭ بايانىغا قارىغاندا، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى ۋېيتنام دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن ياكى جۇڭگوغا قايتۇرۇلغاندىن كىيىن قاماقتا غايىب بولغان.

13) جەسەت ۋە ھايات ئادەملەرنىڭ ھېچقانداق تەكشۈرۈلمەستىن جۇڭگو تەرەپكە ئادەتتىن تا شقىرى تېز سۈرەتتە يۆتكىلىشى، ھەتتا بۇ قاچاقلارنىڭ ۋېيتنام چېگرا قوغدىغۇچىلىرىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىنمۇ شۇنداق داۋام بولۇشى،ۋېيتنام بىلەن جۇڭگو ئىككى تەرەپنىڭ ئۇيغۇرلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا خەلقارا قانۇنلارغا قارشى كېلىشىم ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاۋىستىرالىيەنىڭ كانبېررادىكى پېشقەدەم ۋېيتنام كۈزەتكۈچىسى، **Carlyle Thayer**، مۇنداق دېيدۇ: «ۋېيتنام، ۋېيتنامغا كىرىش ئېغىزى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ باشقا دولەتلەرگە كەتمەكچى بولغان، مەسلەن تۈركىيەگە چىقماقچى بولغان، ئۇيغۇرلارنى قايتۇرۇش توغرۇلۇق جۇڭگو تەرەپنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىغاندەك قىلىدۇ.»
ب د ت مۇساپىرلار مەھكىمىسى (UNHCR) خانويدا ئىشخانا ئاچقىنىغا نەچچە ئون يىل بولغان تۇرۇقلۇق، بۇنچە كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر قاچاق يولنى تاللاپ ۋېيتنامغا كەلگىنى بىلەن ھازىرغىچە بۇ ئىشخانا ھېچقانداق بىر ئۇيغۇرنىڭ پانالىق ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇۋالمىغان.

14) ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىمدىن قايتۇرۇلۇشىدەك ئەھۋاللار تايلاند، مالايسىيا، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، پاكىستان، كامبودجا، لائوس، ھىندىنوزىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، مىسىر ۋە تۈركىيە قاتارلىق باشقا دۆلەتلەردىمۇ يۈز بېرگەن.

**3. مەن بۇ دوكلاتتا تەمىنلىگەن ئۇچۇرلار مەن بىلىدىغان ۋە ئىشەنچلىك پاكىتلاردۇر.**